# ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە رايى، ئارمىيە رايى، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەشتە چىڭ تۇرايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بىر پارتىيە، بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى خەلق رايىنى مايىل قىلىش ـ قىلالماسلىققا باغلىق. خەلق ئاممىسى نېمىگە قارشى تۇرسا، نېمىدىن نەپرەتلەنسە، بىز شۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە شۇنى تۈزىتىشىمىز كېرەك.

«بىز ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە رايى، ئارمىيە رايى، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەشتە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىكنى قەتئىي جازالاپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى قەتئىي تۈگىتىپ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان، خەلققە تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇردۇق»، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، ««يولۋاس»نىمۇ، «چىۋىن»نىمۇ تەڭ يوقىتىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، نەپسىنى يىغماسلىق، قولنى تارتماسلىقتەك ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش» «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش»نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، يېڭى دەۋردە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، «قاتتىق» بولۇشنىڭ ئاساسىي رىتىمدا ئۆزگىچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ زور ئىشەنچ، خەلقتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىق پارتىيەمىزنىڭ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. خەلق ئاممىسى چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىستىلدىن ئەڭ نەپرەتلىنىدۇ، ئەگەر چىرىكلىكنىڭ يامرىشى مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئاممىۋى ئاساسى يوقىتىپ قويۇلىدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «خەلق ھوقۇقنى بىزگە تاپشۇرغان ئىكەن، بىز چوقۇم ئۆزىمىزنى پارتىيەگە، دۆلەتكە بېغىشلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشىمىز، رەنجىتىشكە تېگىشلىك ئادەملەرنى رەنجىتىشىمىز كېرەك» «بۇ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك سىياسىي ھېسابات، خەلق رايىنى مايىل قىلىش ـ قىلالماسلىق ھېساباتى». پەقەت چىرىكلىكنى قەتئىي جازالاپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى قەتئىي تۈگەتكەندىلا، ئاندىن ياخشى ئىستىل ۋە قاتتىق ئىنتىزام ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز تۈزۈمگە تايىنىپ، قانۇنچىللىققا تايىنىپ چىرىكلىككە قارشى تۇردى، سالماق چوڭ، نەتىجە ـ ئۈنۈم زور بولدى، بۇ، جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش تۈزۈم قەپىسىنى بارغانسېرى مۇستەھكەملىدى؛ قاتتىق بولۇشنى دائىملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزامنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، «تۆت خىل ھالەت»تىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئالدىنقىنى جازالاپ، كېيىنكىگە ئىبرەت بېرىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ چەكلەنگەن رايون بولماسلىق، تولۇق قاپلاش، قىلچە يول قويماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، توسۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، يۇقىرى بېسىمنى كۈچەيتىش، ئۆزلۈكىچە جۈرئەتتە چىڭ تۇرۇپ، پارا ئېلىش ـ پارا بېرىشنى بىللە تەكشۈرۈش، «يولۋاس»نىمۇ، «چىۋىن»نىمۇ تەڭ يوقىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، نەپسىنى يىغمىغان، قولنى تارتمىغان رەھبىرىي كادىرلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى قەتئىي تۈزىدى، چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنۇۋالغان چىرىك ئۈنسۇرلارنى قەتئىي قايتۇرۇپ كەلدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە رايى، ئارمىيە رايى، خەلق رايىنى ئۇتۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيەمىز 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلەتتە ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان پارتىيە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى. ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. بىز چىرىتىش ۋە چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ جەددىيلىكى، مۇرەككەپلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇشكۈللۈكىنى تونۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، چىرىكلىكنى تۈزەش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان نەپسىنى يىغماي، قولنى تارتماي، پارتىيەنىڭ نەزەربىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشقا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، قاتتىق جازالاش كېرەك. چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق تۈزۈمنىڭ قاتتىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن تۈزۈم سىستېمىسى، قاتتىق، ئۈنۈملۈك بولغان نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەۋىلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

«جاھاننى قانداق قىلغاندا ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ؟ خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش كۇپايە! جاھان قانداق قالايمىقان بولىدۇ؟ خەلق رايىدىن ئايرىلىپ قېلىش سەۋەب بولىدۇ!» خەلق رايى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ھەققانىيەت ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ. پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنى بوشاشتۇرماسلىق، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش قەدىمىنى توختاتماسلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، رەزىللىكنى جازالاشتا يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئاممىنى كۆزلەش، ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، بىز چوقۇم خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيەگە بولغان ئىشىنىشى ۋە ئىشەنچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك جەمئىيەت ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«جۇڭگو شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ ئائىلە، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت ئاما ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدىكەن.» يېكاتېرىنا جۇڭگو تىلىنى تەتقىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ: تىل ئالاقىسى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، دەپ قارايدىكەن. شىنجاڭدا ئۇ جۇڭگو تىلى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە بۇ يەردىكى دوستلىرىدىن ئۇيغۇرچە، قازاقچە بىر قىسىم سۆزلەرنى ئۆگىنىپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىن دوست تۇتۇپتۇ. يېكاتېرىنا ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى دېگۈدەك شىنجاڭلىق يېقىن دوستى شياۋما بىلەن بىللە قەھۋە ئىچىدىكەن، ئۆگىنىش قىلىدىكەن.

«شياۋما يەسلىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى، بىز ئۆزئارا تىل ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلەيمىز.» يېكاتېرىنانىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ چارشەنبە كۈنى ئۇلار بازار ئايلىنىپ، يېڭى كىيىم سېتىۋېلىشقا پۈتۈشۈپتۇ.

شىنجاڭنىڭ ئادىمىيەت تارىخى، مەززىلىك تائاملىرى، گۈزەل مەنزىرىلىرى تىلغا ئېلىنغاندا يېكاتېرىنانىڭ قىزىقىش ھېسسىياتى چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. 2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئۇ چوڭ تېپتىكى ھەقىقىي مەنزىرىلىك مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل «غەربىي يۇرتقا قايتىش»نى كۆرۈپتۇ. «ناخشا ـ ئۇسسۇلدا جۇڭگو شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىدەك ھەقىقىي تۇرمۇش مەنزىرىسى نامايان قىلىنىپتۇ، مۇزتاغلار، كۆللەر، قۇملۇقلار، توغراقلار... ئىلغار سەھنە سەنئىتى تېخنىكىسى ئادەمگە خۇددى ئۆزى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ ئاتا قىلىدىكەن، ھەققەتەن بەك گۈزەل ئىكەن!» دېدى يېكاتېرىنا ھاياجان بىلەن.

جۇڭگو تىلى، مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ھېرىسمەن بولغاچقا، يېكاتېرىنا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى كۇتۇپخانىدا دېگۈدەك ئۆتكۈزۈپتۇ. يېقىندا، ئۇ لۇشۈن ۋە ماۋدۈننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ماۋدۈننىڭ «تۈن يانغاندا» ناملىق رومانىدىكى مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپتۇ. كىتاب ئوقۇشتىن باشقا، يېكاتېرىنا يەنە دوۋيىن، بىلى بىلى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە يۇمشاق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق كەيپىياتنى تەڭشەيدىكەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ تىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇشىنى چۈشىنىدىكەن. «بۇنىڭدىن كېيىن، مەن داۋاملىق جۇڭگو شىنجاڭدا ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ، دوكتورلۇقتا ئوقۇشنى ئويلاۋاتىمەن، كەلگۈسىدە ‹جۇڭگوشۇناس› بولۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى يېكاتېرىنا.

دوستانىلىق، مەدەنىيلىك، زامانىۋىلىق، سىڭىشىش جۇڭگو شىنجاڭ يېكاتېرىنادا قالدۇرغان تەسىرات. ئۇ دائىم ئۈندىدار، سىن قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يۇرتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئوبرازىدىن ھەمبەھىرلىنىپ، ئۇنى نامايان قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ بۇ گۈزەل جايغا كېلىپ ئۆگىنىشى، تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇنىڭ تەسىرىدە، بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئۇنىڭ رۇسىيەلىك ئائىلە تۇغقىنى، دوستى جۇڭگو شىنجاڭغا ئوقۇشقا كەپتۇ.

يېكاتېرىنا شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ناھايىتى ئۈمىدۋار ئىكەن، «شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ، بۇ، بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىغا چەكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، مەن شىنجاڭنىڭ ئەتىسىنىڭ چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن».

---




# كۆچكەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ خۇشاللىقى كۆپ

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سەپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

«مەن تۇغۇلغاندىن باشلاپلا مۇشۇ كىچىك تاغلىق كەنتتە تۇرۇپ كەلگەن، بۇ ئۆمرۈمدە بۇنداق ياخشى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.» 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، بۇلتۇر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن تۇرسۇنماموت ئەمەتنىياز بوۋاي قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش رايونى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئاقتاش تەۋەلىك رايونى دېيىلىدۇ)غا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى تىلغا ئېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، «بۇ يەردە ھەر كۈنى ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ھەر كۈنى ئىلگىرىلەش بولۇۋاتىدۇ».

قىش كېلىپ، قەھرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان بولسىمۇ، كوئېنلۇن تېغىنىڭ باغرىدىكى ئاقتاش تەۋەلىك رايونىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

«بالام ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، شارائىتىمىز بەك ياخشى، ھازىر تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى ئاقتاش تەۋەلىك رايونىدىكى كەنت ئاھالىسى ھەببۇللا ئىگەمبەردى.

ھەببۇللا ئائىلىسى ئىلگىرى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسى ئىگىزيا كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىدىكى بەش جان 2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 82.5 كۋادرات مېتىرلىق بۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپتۇ، ئۆيدە تەبىئىي گاز، توكلۇق پار، سۇ ـ توك، ئۆي جاھازلىرى تەل ئىكەن.

«يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئالغاندىن كېيىن، مەن ھاياجانلانغىنىمدىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم» دېدى ھەببۇللا ئەسلەپ.

كۆچۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئاقتاش تەۋەلىك رايونىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىك تاغلىق كەنتتە تۇراتتىكەن، ئىچىدىغان سۇنى توشۇپ ئەكىلەتتىكەن، تۇرمۇشتا تەبىئەتكە تايىناتتىكەن. تۇرالغۇ ئۆيلەر دەريانى بويلاپ، تاغقا يانداش سېلىنغان بولغاچقا، ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە كەلكۈن ۋە لاي ـ شېغىللىق ئېقىن ئاپىتى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىۋېتەتتىكەن، ئېتىزلارنى يالاپ كېتەتتىكەن...

«بىر يەرنىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ يەردىكى كىشىلەرنى باقالماسلىق» مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكوم ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئاقتاش نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇپتۇ.

نۆۋەتتە، ئاقتاش تەۋەلىك رايونىغا كۆكيار يېزىسى، چوپان يېزىسى، ئۆششاقباش بازىرىدىكى 3063 ئائىلىلىك 13 مىڭ 395 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئالتە كەنت ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلدى، يەسلى، شىپاخانا، ياشانغانلار ساناتورىيەسى، كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت مەركىزى ۋە گۈللۈك مەيدان قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى يېڭىدىن قۇرۇلۇپتۇ.

قاغىلىق ناھىيەسى «كۆچۈپ چىقالايدىغان، تۇرۇپ قالىدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، كاپالەتكە ئىگە بولۇش» تەلىپى بويىچە، ئاقتاش تەۋەلىك رايوندا كەسىپلەرنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ.

كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن سانائەت باغچە رايونى قۇرۇپتۇ، 22 زاۋۇت بىناسىغا شىنئاۋتا ئاياغچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جىنرۇيكاڭ ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، ۋېيىيفېڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق يەتتە كارخانا ماكانلىشىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 2050 نامرات كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئاسمىگۈل ئەبەيدۇللا 2018 ـ يىلى ئۆششاقباش بازىرى يۇقىرى مەھەللە كەنتىدىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، ئۇ پەلەي زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلەپتۇ، ھازىر ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىكەن، ئېرى يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا تىجارەت قىلىپ ئايدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىكەن، ئۈچ بالىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ناھىيە بازىرى ۋە ئاقتاش تەۋەلىك رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، بىر ئائىلە كىشىلىرى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

تېرىقچىلىققا باب كەلسە تېرىقچىلىق قىلىش، باقمىچىلىققا باب كەلسە باقمىچىلىق قىلىش، سانائەتكە باب كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش پرىنسىپى بويىچە، سانائەت باغچە رايونىدا بىر تۈركۈمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئاقتاش تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى چارۋا باقمىچىلىقىدا بىر تۈركۈمنى ھەل قىلىش، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىقىدا بىر تۈركۈمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورمان مۇھاپىزەتچىلىكىگە بىر تۈركۈمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، پاراۋانلىق ئىش ئورۇنلىرىدا بىر تۈركۈمنى ھەل قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، يەنە 3250 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ كۆچۈرۈلگەن ئاممىدىن بىر ئائىلىدە كۆپ ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ.

ئىلگىرى چەت، يىراق تاغلىق رايوندا تۇرۇۋاتقان نامرات ئامما بۈگۈنكى كۈندە تاغ ئىچىدىن چىقىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلماقتا.

---

# «رېلىس دوختۇرلىرى» چاغانلىق يولۇچى توشۇشنى قوغدىدى

**2020 چاغانلىق يولۇچى توشۇشقا نەزەر**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، قومۇل شەھىرىنىڭ ئېرغول رايونىدىن يولغا چىقىپ، شەرققە قاراپ ئاپتوموبىل بىلەن 70 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، مۇخبىر جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قومۇل ئۇچاستكىسى يەندۇن لىنىيەسى كۆۋرۈك چارلاش ـ ئاسراش سېخىغا كەلدى.

يەندۇن بېكىتى شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن تۆمۈريول لىنىيەسى بويىدىكى كىچىك بېكەتلەرنىڭ بىرى. بىر پارچە چۆللۈكتە قوش يۆنىلىشلىك تۆت تۆمۈريول لىنىيەسى، بىرقانچە ئېغىز پاكار بىر قەۋەتلىك ئۆي بار بولۇپ، بۇ، يەندۇن بېكىتىنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تۇنجى تەسىرى ئىدى.

مۇخبىر يېتىپ بارغاندا سائەت 12 بولغان بولۇپ، قومۇل ئۇچاستكىسى يەندۇن لىنىيەسى كۆۋرۈك چارلاش ـ ئاسراش سېخىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئەتىگەنلىك رېلىس ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، چۈشلۈك تاماق يەۋاتقانىدى.

«بىزنىڭ كۈندىلىك ئۈچ ۋاق تامىقىمىزنىڭ ۋاقتى مۇقىم ئەمەس، چارلاپ تەكشۈرۈش، ئاسراش ۋاقتىمىزغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. بۈگۈن چۈش سائەت 2 ئەتراپىدا بىز لىنىيەگە بېرىپ ‹ئۈچ ئۈزۈلۈشنى تەكشۈرۈش› مەشغۇلاتى قىلىمىز، شۇڭا چۈشلۈك تاماقنى مۇددەتتىن بۇرۇن يېدۇق» دېدى يەندۇن بېكىتى رېمونتچىلار ئەترىتىنىڭ ئۇچاستكا باشلىقى سۈن جيې.

بۇ يىل 30 ياشقا كىرگەن سۈن جيې گەنسۇلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ يەندۇن لىنىيەسى كۆۋرۈك چارلاش ـ ئاسراش سېخىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 16 يىل بولغان بولۇپ، رېمونتچىدىن ئۇچاستكا باشلىقى بولۇشقىچە گەرچە ۋەزىپىسى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر كۈنى قىلىدىغان خىزمىتى ئەزەلدىن ئۆزگىرىپ باقماپتۇ.

«سۆزلىشىش ئاپپاراتى، سىگنال بايرىقى، رېلىس ئارىلىقى ئۆلچىگۈچى، تەكشۈرۈش كىچىك بولقىسى...» سائەت 14تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، چارلاپ تەكشۈرۈشتە زۆرۈر بولىدىغان قورال ـ سايمانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن سۈن جيېنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يولغا چىقىپ «ئۈچ ئۈزۈلۈشنى تەكشۈرۈش»نى باشلىدى.

تۆمۈريولدىكى «ئۈچ ئۈزۈلۈش» پولات رېلىس، ئاچال ۋە قىسىش تاختىسىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ، «ئۈچ ئۈزۈلۈش» پويىزلارنىڭ يۈرۈش بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، تۆمۈريول ترانسپورت بىخەتەرلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، سۈن جيې مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇنداق تەكشۈرۈش قىشلىق بىخەتەرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ھازىر چاغانلىق يولۇچى توشۇش باشلاندى، بىز تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ، پويىزلارنىڭ يۈرۈش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

يەندۇن بېكىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، سەنشىلى شامال رايونىغا جايلاشقان، مۇھىتى ئىنتايىن ناچار. يازدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە، قىشتا ئۈزۈلۈشتىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەتىيازدا ئەگىز سۈيى يولنى قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ، يىل بويى قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئەلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، قومۇل ئۇچاستكىسى يەندۇن لىنىيەسى كۆۋرۈك چارلاش ـ ئاسراش سېخىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كىچىك بېكەتنى چىڭ ساقلاپ، تۆمۈريول لىنىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ كەلدى.

«بۈگۈنكىدەك بوران چىقمايدىغان كۈن بەك ئاز، قاراڭ، بۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قىڭغىر.» سۈن جيې بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن رېلىس ئارىلىقى ئۆلچىگۈچى بىلەن رېلىسنىڭ رېلىس ئارىلىقى، گورىزونتاللىقى قاتارلىقلارنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ «رېلىس دوختۇرلىرى» توختىماي ئېڭىشەتتى، ئۆرە بولاتتى، يەنە رېلىسنىڭ ئۈستىدە يېتىپ تۇرۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرەيتتى، قىلچە خاتالىق كۆرۈلسە بولمايتتى.

ئەگەر مەسىلە بايقالسا، ئۇلار «تۆڭلۈك ۋاقتى»دىن پايدىلىنىپ رېمونت قىلاتتى، ئاسرايتتى. سۈن جيې مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «تۆڭلۈك ۋاقتى» دېگىنىمىز، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە، مۇقىم يول بۆلىكىدىكى تۆمۈريول لىنىيەسىدە پويىز ئاز قاتنىغان ياكى قاتنىمىغاندا، قۇرۇلۇش ۋە رېمونت مەشغۇلاتى ئۈچۈن ئالدىن ئېلىپ قويۇلغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

««تۆڭلۈك ۋاقتى»نىڭ ۋاقتى چەكلىك، ئۇ ۋاقىتتا بىز مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەيمىز» دېدى سۈن جيې.

سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن بۇيرۇق كەلدى، مۇداپىئە خادىمى يۈسۈپ ھېمىت نەق مەيداندىكى خادىملارغا رېلىسقا چۈشۈشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. «تۆمۈريول لىنىيەسىنىڭ ھەممىسىدە پويىز قاتنايدۇ، پويىز بېكەتكە كىرىشكە يەنە 10 كىلومېتىر قالغان ۋاقىتتا بىزگە چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىلىدۇ، پويىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز داۋاملىق چارلايمىز، ئاسرايمىز» دېدى سۈن جيې.

چارلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاندىن مۇقىم پولات رېلىستىكى بولتا ۋە ئىلمەكنىڭ بوشاپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى، پولات رېلىستا چاك، زەخمە بار ـ يوقلۇقىدەك ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا بايقىغىلى ھەم پويىز چاقى بىلەن پولات رېلىسنىڭ سۈركىلىشىدىن پەيدا بولغان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى ۋاقتىدا تازىلاپ، ئاچال، تارماق يوللاردىكى تۈرلۈك قاتناش يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگەتكىلى بولىدىكەن.

بۇنداق خىزمەت ھەر كۈنى تەكرارلىنىدۇ، ئۇزاق ۋاقىت قۇم ـ بوراندا مەشغۇلات قىلىش چارلاپ تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ تېرىسىنى قارايتىپتۇ، پىژغىرىم ئىسسىق ۋە قەھرىتان قىشنىڭ كۈچلۈك شامىلى ئۇلارنىڭ يۈزىدە ئىز قالدۇرۇپتۇ.

«بىزنىڭ چارلاش، ئاسراش سېخىمىزدا 90 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار كۆپ، 90 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار ئارىسىدا مېنىڭ يېشىم ئەڭ چوڭ. گەرچە بۇ يەرنىڭ شارائىتى جاپالىق بولسىمۇ، كۈندىلىك خىزمىتىمىزنىڭ ئەھمىيىتى زور. تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق تۆمۈريول رېلىسىنى تېخىمۇ بىخەتەر قىلىپ، يولۇچىلارنى ئۆيىگە بىخەتەر قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، قانچىلىك جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ دەپ ئويلايمىز» دېدى سۈن جيې.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)